
# ئۆزاق مۇددەتلىك، مۇقىم دوستلۇق، ھەمكارلىق بىناسى قۇرۇپ چىقايلى

## ـ رەئىس جياڭ زېمىننىڭ ياۋروپا، ئاسىيادىكى ئالتە دۆلەتكە قىلغان زىيارىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى

دۆلەت رەئىسى جياڭ زېمىن تەكلىپكە بىنائەن 6 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنىدىن 7 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىگىچە ئىسپانىيە، نورۋېگىيە، رۇمىنىيە، ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان، قازاقىستان قاتارلىق ئالتە دۆلەتتە زىيارەتتە بولدى، زىيارەت تولۇق مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى.








ئىسپانىيىنىڭ پادشاھى خۇئان كارلوس I ۋە خانىش سوفىيە 6 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ئوردىدا زىياپەت ئۆتكۈزۈپ، رەئىس جياڭ زېمىن ۋە ئۇنىڭ رەپىقىسى ۋاڭ يېپىڭنى قارشى ئالدى.

رەئىس جياڭ زېمىن 7 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى قىرغىزىستان زۇڭتۇڭى ئاقايېۋ بىلەن بىشكەكتە جۇڭگو ـ قىرغىزىستاننىڭ قوشما باياناتىغا ئىمزا قويغاندىن كېيىن، قول ئېلىشىپ تەبرىكلەشتى.

رەئىس جياڭ زېمىن 6 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى بۇخارېستقا باردى، رۇمىنىيە زۇڭتۇڭى ئىلىئېسكو كاتتا مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ، رەئىس جياڭ زېمىننى قىزغىن قارشى ئالدى.








رەئىس جياڭ زېمىن 6 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ئىسپانىيە دۆلەت مېھمانخانىسىدا ئىسپانىيىدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان جۇڭگو مۇھاجىرلىرى ۋە ئىسپانىيىدە ئوقۇۋاتقان جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن كۆرۈشتى.

رەئىس جياڭ زېمىن 7 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى قىرغىزىستان زۇڭتۇڭى ئاقايېۋنىڭ

رەئىس جياڭ زېمىن 6 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى رۇمىنىيىنىڭ پايتەختى بۇخارېستتىكى ئوتوپېن

كۆرۈشتى.

☆ رەئىس جياڭ زېمىن 6-ئاينىڭ 29- كۈنى رۇمىنىيىنىڭ پايتەختى بۇخارېستتىكى ئوتوپېن خەلقئارا ئايرودرومىغا كېلىپ قىزغىن قارشى ئېلىندى.

☆ رەئىس جياڭ زېمىن 7-ئاينىڭ 4-كۈنى قىرغىزىستان زۇڭتۇڭى ئاقايېۋنىڭ ھەمراھلىقىدا بىشكەكتىكى ماناس كەنتىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى.



☆ 6-ئاينىڭ 27-كۈنى نورۋېگىيە پادىشاھى خارالد V ئوردا مەيدانىدا كاتتا مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ، رەئىس جياڭ زېمىننى قىزغىن قارشى ئالدى.



☆ رەئىس جياڭ زېمىن 7-ئاينىڭ 2-كۈنى ئۆزى چۈشكەن دۆلەت مېھمانخانىسىدا ئۆزبېكىستان زۇڭتۇڭى كەرىموۋ تەقدىم قىلغان مىللىي كىيىمنى خۇشاللىق بىلەن كىيمەكتە.



☆ 7-ئاينىڭ 5-كۈنى رەئىس جياڭ زېمىن قازاقىستان زۇڭتۇڭى نەزەربايېۋ بىلەن جۇڭگو-قازاقىستان قوشما باياناتىغا ئىمزا قويغاندىن كېيىن، قەدەھ كۆتۈرۈپ تەبرىكلەشتى.



☆ رەئىس جياڭ زېمىن 6-ئاينىڭ 28-كۈنى نورۋېگىيە باش ۋەزىرى برۇندتلاند خانىم بىلەن سۆھبەتلەشتى.

سۈرەتتە: رەئىس جياڭ زېمىن بىلەن باش ۋەزىر برۇندتلاند سۆھبەتتىن ئىلگىرى سۈرەتكە چۈشتى.



☆ رەئىس جياڭ زېمىن 7-ئاينىڭ 3-كۈنى ئۆزبېكىستان زۇڭتۇڭى كەرىموۋنىڭ ھەمراھلىقىدا تاشكەنتنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى چكالوۋ ئايروپىلان زاۋۇتىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى.



☆ رەئىس جياڭ زېمىن 7-ئاينىڭ 5-كۈنى ئالمۇتىدا ئاممىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى.

**بۇ بەتتىكى سۈرەتلەرنى شىنخۇا ئاگېنتلىقى تەمىنلىگەن**

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى، ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. تېلېفون باش ئاپپاراتى: 5818200. ئېلان بۆلۈمى: 5850783، تارقىتىش بۆلۈمى: 5859769. تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ ئايلىق باھاسى: 5 يۈەن 40 پۇڭ، پارچە باھاسى: 18 پۇڭ (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى:102)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئافرىقا بىرلىكى تەشكىلاتىنىڭ ب د ت نىڭ باش كاتىپى سايلىمى توغرىسىدا بايانات ئېلان قىلغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكىمىزنىڭ باياناتچىسى سۆھبەت بايان قىلدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 10-ئىيۇل تېلېگراممىسى.** دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكىمىزنىڭ باياناتچىسى بۈگۈن جۇڭگو ئافرىقا بىرلىكى تەشكىلاتىنىڭ ب د ت نىڭ باش كاتىپى سايلىمى توغرىسىدىكى باياناتىنى چۈشىنىدۇ ۋە قوللايدۇ، دېدى.

بىر مۇخبىر: ئافرىقا بىرلىكى تەشكىلاتىنىڭ باشلىقلار يىغىنى بايانات ئېلان قىلىپ، باش كاتىپ غالىنى ئۇدا ۋەزىپە ئۆتەشكە كۆرسەتتى، جۇڭگو ھۆكۈمىتى بۇنىڭغا قانداق پوزىتسىيە تۇتىدۇ؟ دەپ سورىدى.

بۇ باياناتچى مۇنداق دېدى: جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە خەلقى بىلەن ئافرىقا دۆلەتلىرى ھۆكۈمەتلىرى ۋە خەلقلىرى ئوتتۇرىسىدا ئەنئەنىۋى دوستلۇق بار، بىز خەلقئارا ئىشلاردا ئىزچىل تۈردە ئۆزئارا ھېسداشلىق قىلىپ، ئۆزئارا قوللاپ، يېقىندىن ھەمكارلىشىپ كەلدۇق. بىز غالى ئەپەندىنىڭ ب د ت غا باش كاتىپ بولغان مەزگىلدە ب د ت نىڭ رولىنى كۈچەيتىش يولىدا ئوينىغان ئىجابىي رولىنى مەدھىيىلەيمىز.

ئۇ مۇنداق دېدى: جۇڭگو ئافرىقا بىرلىكى تەشكىلاتىنىڭ ب د ت نىڭ باش كاتىپى سايلىمى توغرىسىدىكى باياناتىنى چۈشىنىدۇ ۋە قوللايدۇ. ئىشىنىمىزكى، ئافرىقا بىرلىكى تەشكىلاتىنىڭ ئارزۇسى ۋە مەيدانى خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ھېسداشلىقى ۋە قوللىشىغا ئېرىشىدۇ.



يېقىندا ۋارشاۋادا ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارا كىتاب كۆرگەزمىسىدە جۇڭگونىڭ مەشھۇر ئەدەبىي ئەسەرلىرى، داڭلىق رەسسام ۋە خەتتاتلارنىڭ ئەسەرلىرى، باللار ئوقۇشلۇقلىرى، خەنزۇچە دەرسلىكلەر نۇرغۇن تاماشىبىننى جەلپ قىلدى.

سۈرەتتە: پولشىلىق تاماشىبىنلار ۋارشاۋا خەلقئارا كىتاب كۆرگەزمىسىدىكى جۇڭگو بۆلۈمىدە جۇڭگو رەسساملىرىنىڭ رەسىملىرىدىن ھوزۇرلانماقتا.

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى**

## ماۋزۇ خەۋەرلەر

△ جياڭ زېمىن ئامېرىكىلىق مېھمانلار بىلەن كۆرۈشتى

△ جياڭ زېمىن شاڭخەي قاتناش داشۆسىنى پۈتتۈرۈپ، چەت ئەللەردە ئىشلەۋاتقان مەكتەپداشلىرى بىلەن كۆرۈشتى

△ لى پېڭ ياپونىيىلىك مېھمانلار بىلەن كۆرۈشتى

△ لى رۈيخۇەن بۇرۇندى دىپلوماتىيە ـ ھەمكارلىق مىنىستىرلىكىنىڭ دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى بىلەن كۆرۈشتى

△ چيەن چىچېن لېككېر بىلەن كۆرۈشتى

△ لى لەنچىڭ كوتدىۋا زۇڭلىسى بىلەن كۆرۈشتى

△ رەئىس جياڭ زېمىن ياپونىيە پېشىۋالار يېڭى پارتىيىسىنىڭ باشلىقى بىلەن كۆرۈشتى

△ خۇجىنتاۋ كۇبالىق مېھمانلار بىلەن كۆرۈشتى

△ لوگەن جۇڭگو دوستلۇق ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ چاۋشيەنگە يۈرۈپ كەتتى

△ جۇڭگو ھەربىي دوستلۇق ۋەكىللەر ئۆمىكى ھىندىستاندا زىيارەتتە بولدى

△ «چاۋشيەن- جۇڭگو دوستلۇق- ھەمكارلىق- ئۆزئارا ياردەملىشىش شەرتنامىسى» ئىمزالانغانلىقىنىڭ 35 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن چاۋشيەندە مۇشۇ ئاينىڭ 10-كۈنى كاتتا خاتىرىلەش زىياپىتى ئۆتكۈزۈلدى


# ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ئامېرىكا، جۇڭگو مۇناسىۋىتى ياخشىلاندى، دەپ ھېسابلىدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ۋاشىنگتون، 9-ئىيۇل تېلېگراممىسى.** ئامېرىكا ئاقساراي باياناتچىسى مىكرى مۇشۇ ئاينىڭ 9-كۈندىكى بىر قېتىملىق خەۋەرلەندۈرۈش يىغىنىدا مۇنداق دېدى: ئامېرىكا، جۇڭگو ئوتتۇرىسىدا بەزى ئىختىلاپلار بولسىمۇ، لېكىن ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتى ئۆتكەنكى بىرقانچە ئايدا روشەن ياخشىلاندى.

مىكرى مۇنداق دېدى: «ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ ئومۇمىي كەيپىياتى، شۈبھىسىزكى، ياخشىلاندى. بۇ ئامېرىكا زۇڭتۇڭىنىڭ دۆلەت خەۋپسىزلىك ئىشلىرى بويىچە ياردەمچىسى لېككېر ئەپەندىنىڭ بېيجىڭدا ئىنتايىن سەمىمىي كۈتۈۋېلىنغانلىقى ھەم ئۇنىڭ جۇڭگولۇق كەسىپداشلىرى بىلەن ئىككى تەرەپلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا ئىشلىگەن خىزمەتلىرىدە ئىپادىلىنىدۇ.

ئۇ مۇنداق دېدى: ئامېرىكا بىلەن جۇڭگونىڭ ئەمەلدارلىرى، جۈملىدىن ئىككى دۆلەت ئالىي رەھبەرلىرى «قەرەللىك يۇقىرى قاتلاملىق ئۇچرىشىشنىڭ يولى»نى تېپىپ چىقىشى كېرەك.

مىكرى مۇنداق دېدى: ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ئامېرىكا، جۇڭگو مۇناسىۋىتىنىڭ مۇھىملىقى



يېقىنقى ئون يىلدىن بۇيان، ۋېيتنام چوڭ، ئوتتۇرا، كىچىك تىپتىكى سۇ، ئىسسىقلىق ـ ئېلېكتر ئىستانسىسىدىن خېلى كۆپ قۇردى. سۈرەتتە: خوجىمىن شەھىرىدىكى «فۇلىن» ترانسفورماتور پونكىتى.

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى**

# ئامېرىكا، ئىسرائىلىيە رەھبەرلىرىنىڭ سۆھبىتى ئىختىلاپنى تۈگىتەلمىدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ۋاشىنگتون، 9-ئىيۇل تېلېگراممىسى.** ئامېرىكا زۇڭتۇڭى كلىنتون مۇشۇ ئاينىڭ 9-كۈنى ئاقسارايدا زىيارەتكە كەلگەن ئىسرائىلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ يېڭى زۇڭلىسى نېتانياخۇ بىلەن ئىككى سائەت سۆھبەتلەشكەن بولسىمۇ، ئىككى تەرەپنىڭ ئوتتۇرا شەرق تىنچلىق مۇساپىسى مەسىلىسىدىكى ئىختىلاپىنى تۈگىتەلمىدى.

سۆھبەتتىن كېيىن ئۆتكۈزۈلگەن مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا كلىنتون بىلەن نېتانياخۇ ئىككى دۆلەتنىڭ دوستلۇقى ئۈستىدە يۈزەكىلا توختالغاندىن كېيىن، ئىككى تەرەپنىڭ ئوتتۇرا شەرق تىنچلىق مۇساپىسىگە دائىر بىر قاتار مەسىلىلەردىكى كۆزقاراشلىرىنىڭ قارىمۇقارشى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدى.

كلىنتون ئامېرىكىنىڭ ئوتتۇرا شەرق تىنچلىق مۇساپىسىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە چىڭ تۇرىدىغان مەيدانىنى شەرھلىگەندىن كېيىن مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «تارىخ ئېقىمىنى ئارقىغا ياندۇرغىلى بولمايدۇ، ئارقىغا يانساق خاتالىشىمىز».

نېتانياخۇ كلىنتونغا ئوتتۇرا شەرق تىنچلىقى تىنچلىققا كاپالەتلىك قىلىش»نى ئويلىشىشىمىز كېرەك، دەپ كۆرسەتتى. ئۇ يەنە ئوتتۇرا شەرقتە پەيدا بولغان مالىمانچىلىقنىڭ جاۋابكارلىقىنى پۈتۈنلەي سۈرىيىگە دۆڭگەپ قويدى ھەم مۇشۇنى باھانە قىلىپ، سۈرىيە بىلەن ھەرقانداق سۆھبەت ئۆتكۈزۈشنى رەت قىلدى.

نېتانياخۇ ئامېرىكىنىڭ ئۆزىنى پەلەستىن رەھبىرى ئەراپات بىلەن بىۋاسىتە سۆھبەتلىشىشكە دەۋەت قىلغانلىقى توغرىسىدا مۇنداق دېدى: «سۆھبەت ئىسرائىلىيىنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن بولغان چاغدىلا» ئەراپات بىلەن كۆرۈشىمەن، ئۇ يەنە ھازىرچە ھېبروندىن قوشۇن چېكىندۈرۈش ئۇيى يوقلۇقىنى ئېيتتى ھەم ئىسرائىلىيە ئوتتۇرا شەرق تىنچلىق مەسىلىسىدە يۈزدەيۈز مۇرەسسە قىلدى، ئەمدى ئەرەبلەرنىڭ يول قويىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى، دەپ قارىدى.



